# 20876 ـ جازانە يولى بىلەن پايدا ئېلىش ۋە تارتقان زىيانىنى جازانە يولى بىلەن تۆلەش توغرىسىدا

## سوئال

مېنىڭ بانكا ھېسابىمدا مەلۇم مىقداردا پۇل بولۇپ. بۇنىڭغا بانكىدىن ئۆسۈم بېرىدۇ، مەن ھازىر بۇ ھېسابنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇۋاتىمەن، ئۆتكەن ۋاقىتتا بانكىدىن مەلۇم پايچېكىگە ئىشتىراك قىلدىم، ئۇ ۋاقىتتىڭ بۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، بۇ پايچېكنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتتى، مەن بانكىدىن ئۆسۈم ئالغان ئىقتىساد بىلەن پايچېكىدىن تارتقان زىيىنىمنى تولۇقلىسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

جازانىدىن تەۋبە قىلغان كىشى ئۆچۈن پەقەت ئۆزىنىڭ ئەسلى مەبلىغىنى ئېلىشى كېرەك بولىدۇ، ب ۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَإِنْ تُبْتُمْ فَلَكُمْ رُؤُوسُ أَمْوَالِكُمْ لا تَظْلِمُونَ وَلا تُظْلَمُونَ تەرجىمىسى: ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەربەقەرە سۈرىسى 279-بەت.

بۇنىڭدىن ئارتۇق بولغىنى ئېلىش توغرا بولمايدۇ، ئەگەر ئالغان بولسا ئۇنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرىپ قىلىش ئارقىلىق خالاس بولۇشى كېرەك.

سوئالدا بايان قىلىنغان ئىككى تۈرلۈك ئىش بولۇپ، بۇنى تەپسىلى بايان قىلىش كېرەك بولىدۇ: ئۇ بولسىمۇ جازانە بانكىسىدىن ئۆسۈم ئېلىش ۋە بۇنىڭ بىلەن پايچېكىدىن تارتقان زىيانى تولۇقلاشتىن ئىبارەت.

بىرىنچى مەسىلە: جازانە بانكىسىغا پۇل قويۇپ، قويغان پۇلدىن ئارتۇق ئۆسۈم ئېلىش بولۇپ بۇ توغرىدا دائىمىي كومىتېتى ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: "بانكىنىڭ پۇل ئامانەت قويغۇچىلارغا بېرىدىغان ئارتۇق پۇلى جازانە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئۆسۈمگە بېرىلگەن پۇلدىن پايدىلىنىشى توغرا بولمايدۇ، ئۇلار جازانە بانكىسىغا پۇل قويغانلىقتىن ئىبارەت خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ، بانكىغا ئامانەت قويغان پۇل بىلەن ئۇنىڭ پايدىلىرىنى دەرھال ئېلىۋېلىشى، ئەسلى پۇلنى ساقلاپ قىلىپ ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغان پۇللارنى ياخشىلىق يوللىرىغا، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە ۋە كېرەكلىك جايلارنى ئىسلاھ قىلىشقا سەرىپ قىلىۋېتىشى كېرەك بولىدۇ. ["ئىسلام پەتىۋالىرى"2-توم 404-بەت].

شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بانكىدىن سىزگە ئۆسۈمدىن بەرگەن پۇلنى بانكىغا قايتۇرىشىڭىزمۇ ۋە ئۇنى ئىستىمال قىلىشىڭىزمۇ توغرا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى پېقىر-مىسكىنلەرگە ياردەم قىلىش، سۇ يوللىرى ۋە تۇربا يوللىرىنى رېمونت قىلىش، ئاجىز-بىچارىلەرنىڭ قەرىزلىرىنى ئادا قىلىش قاتارلىق ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. ["ئىسلام پەتىۋالىرى"2-توم 407-بەت].

ئىككىنچى مەسىلە: پايچېكىدىن تارتقان زىيانىنى جازانىدىن ئالغان مال بىلەن تولۇقلاش بولۇپ، بۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، جازانىغا كەلگەن مالنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش توغرا بولمايدۇ.

پايچەك ئىگىسى پايچېكىدىن تارتقان زېيىنىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، ئۇنىڭدىن تارتقان زېيىنىنى ھارام مال بىلەن تولۇقلىشى توغرا بولمايدۇ.

ئۇ كىشىنىڭ جازانە مۇئامىلىسىنى بىلمەستىن بۇ ئىشقا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ، بىلمەسلىكى سەۋەبىدىن ئۆزۈرلۈك ھېسابلىنىدۇ، لېكىن بۇ بىلمەسلىك جازانىدىن كەلگەن مالدىن پايدىلىنىپ پايچېكىدىن تارتقان زېيانىنى تولۇقلاشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا سەۋەپ بولالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.